دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ توقسۇن ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى  شىكرام راھىدىن

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىگە يامان نىيەتتە قارا چاپلىدى. شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم. قانۇن كەسپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، خەلق رايىغا ئۇيغۇنلۇقىنى، ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى ئامېرىكا تەرەپ نەزەرگە ئالمىدى؛ 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 91 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپا، خەلقئارا تەشكىلات، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئاخبارات تاراتقۇلىرى، دىنىي تەشكىلاتلاردىكى زاتلار ھەمدە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000دىن كۆپرەك كىشىنىڭ شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەنلىكى، ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن دەپ تەرىپلىگەنلىكىنى ئامېرىكا تەرەپ نەزەرگە ئالمىدى؛ ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئامېرىكا تەرەپ بۇرمىلىدى، قارا چاپلىدى ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىدى. بۇ پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جۇڭگو خەلقىگە ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق تونۇتتى، پەقەت جۇڭگو خەلقىنى تېخىمۇ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدۇردى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ!

مەن مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شىنجاڭلىق، مەن بۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلدىم، بۇ يەردە خىزمەت قىلدىم، بۇ يەردە پەرزەنتلىك بولۇپ ئۇلارنى تەربىيەلىدىم. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن دۆلىتىمىز دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭنىڭ سۆزىنى ئىنتايىن قوللايمەن، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاڭلىسام ناھايىتى كۆپ ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەتتا پاسپورتىمۇ يوق ئىكەن، جۇڭگوغا كېلىپ كۆرۈپمۇ باقماپتۇ، شىنجاڭغا تېخىمۇ بېرىپ باقماپتۇ، ئۇلار قانداقمۇ 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى ياكى 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالىسۇن؟ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلەش ۋە پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن، ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن باھا بېرىش بەكلا مەنمەنلىك قىلغانلىق، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق!»

1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. پۈتۈن دۇنيا بۇنى ئەيىبلىگەن، سۆككەندە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۇنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى.

تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇردى. بىر قانۇن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇ تۈرلۈك خىزمەتكە قاتنىشىپ تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە قانۇن بىلىملىرى ئۆگىتىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇش داۋامىدا، مەن ئۇلارنىڭ قانۇن بىلىملىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كەمچىللىكىنى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىدىم. ئەمما ئۇلار يەنىلا تەلەيلىك بولۇپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ۋاقتىدا كېلىپ ئۆگىنىش - تەربىيەگە قاتناشتى، بولمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ھۆكۈمەت تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ھەقسىز ئوقۇش، ھەقسىز ياتاق، ھەقسىز تاماق ياخشى تەمىناتى بىلەن تەمىنلىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىگىمۇ ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم - ئەندىشىسىز ئۆگىنەلەيدىغان قىلدى. بىزدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قېتىرقىنىپ تەلىم بېرىشىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇن بىلىملىرى سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى كۈچەيدى. نۆۋەتتە، تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

بۇنىڭدىن كېيىن، مەن قانۇن تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇن بىلىملىرى سەۋىيەسىنى سىجىل مۇستەھكەملەيمەن، ئۆستۈرىمەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن.

# ئامېرىكا تەرەپ قانچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانسېرى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانسېرى بىز شۇنچە ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتىمىز

□ كورلا شەھىرى تېكچى يېزىسى تېكچى مەسچىتىنىڭ ئىمامى  ئىمىنجان كېرەم

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە تۆھمەت قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى! شىنجاڭدىكى بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ خىل نومۇسسىز قىلمىشىدىن چەكسىز غەزەپلەندىم!

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە گۇۋاھ بولدۇم. كىچىك ۋاقتىمدا كەنتتە ئاسفالت يول يوق ئىدى، ئۆيدە تۇرۇبا سۈيى يوق ئىدى، ۋېلسىپىت مىنىپ يىراق جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتىم. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئۆيدە تۇرۇبا سۈيى بار بولدى، يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولدى. مەن شىنجاڭ ئىسلام دىنىي شۆيۈەندە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەنتكە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ، بەزى كىشىلەر يەنە پىكاپ ھەيدەيدىغان بوپتۇ، بۇ گۈنكى كۈندە، مېنىڭ يۇرتۇملا ئەمەس، مەن بارغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئەجەبا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ زور كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ئەمەسمۇ؟ مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقسام، سىلەر شىنجاڭغا بېرىپ باققانمۇ؟ شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر ھەتتا شىنجاڭنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، نېمىگە ئاساسلىنىپ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلەيسىلەر ۋە پۈتۈنلەي پاكىتقا ئۇيغۇن بولمىغان، ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن باھالارنى بېرىسىلەر؟

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەجەبا كىشىلىك ھوقۇققا ئەڭ زور دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقسام، ئۇ چاغدا سىلەر نېمىشقا شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر؟ نېمىشقا ئۇ بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالسىلەر؟ نېمىشقا قانۇن لايىھەسى چىقىرىپ زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنى ئەيىبلىمەيسىلەر؟

دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامراش، كېڭىيىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلدى. تەربىيەلەنگەن تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ روھىي جەھەتتىكى كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىدا ئاساسىي جەھەتتىن پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى، ئەمەلىي ماھارەت ئىگىلىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. بۇ ئەجەبا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ زور كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ئەمەسمۇ؟ مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

مەن شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن ھىمايە قىلىمەن ۋە قوللايمەن. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، بىزنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى خالىمايدۇ، «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇندى، بۇنداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇلار قانچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشنى، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشنى ئويلىغانسېرى، بىز شۇنچە ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك! بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى، ۋەتەننىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان رەزىل قىلمىشىغا قارىتا، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا جەمئىيەت تېررورىزم، ئەسەبىزمگە زەربە بېرىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، غايەت زور قۇربانلىق بەردى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئالدىدا، شىنجاڭ مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، قانۇنچىللىق تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەر ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىندى، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىلدى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامرىشى ۋە زوراۋانلىق، تېررورىزمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»نى مەقسەت قىلغان مەكتەپ بولۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئوقۇتۇش دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەر قەرەللىك ئۆيىگە قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىيالايدۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى بار، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. نۆۋەتتە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»كە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەلىنىشنى تاماملىدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ مەنىۋى بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ كۆڭلى ئازادە بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش غەيرىتىمۇ ئاشتى. ناھايىتى كۆپ تەربىيەلەنگۈچى ئۆگىنىش ئارقىلىق كەسپىي ماھارەت ئىگىلەپ، ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت تېپىپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. ناھايىتى كۆپ تەربىيەلەنگۈچى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدار بولدى، ناھايىتى كۆپ ئاتا - ئانا بالىلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئۆزلۈك - كېسەل ئۆزگىرىپ باشقىچە ئادەم بولغانلىقىنى، ھەق - ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، توغرا - خاتانى بىلىدىغان بولغانلىقىنى، ياخشى تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا ئازغان بالىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئەمما، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى، شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىگە قارىتا «تاللاش خاراكتېرلىك كور بولۇۋېلىپ»، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ھەققانىي تەدبىرىگە خالىغانچە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى، بۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 64 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 80 ھەسسە ئاشتى؛ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىللىق ئوتتۇرىچە %8.5 ئاشتى، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم %8.4، %8.2 ئاشتى. مېنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا نەچچە ئون يىل بولدى، مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىم ۋە بۈگۈنكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشنى سىياسەت، مەبلەغ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن غايەت زور قوللىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇم. قەيەرگە بېرىشتىن قەتئىينەزەر، مەن كومپارتىيەنى كۈيلەپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى كۈيلەپ، كۆڭلۈمدىكى مىننەتدارلىق ۋە قىزغىن مۇھەببەتنى ئىپادىلىدىم. مېنىڭچە، بۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭمۇ ئورتاق يۈرەك ساداسى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، مەن بۇرۇنقىدەكلا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىدىم. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

(بېشى 1 - بەتتە)

تەرەققىي قىلىشقا تىرەك بولىدىغان بىخەتەرلىك تېخنىكا سۈپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئانار بۇلۇت» ئاپتونوم رايوننىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاپ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىپ، تىرىشىپ ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنى ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىر بازىسى، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى ۋە مەھەللە ئۇچۇر تۈگۈنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ ۋە ئاممىۋى پىكىر تىرىكىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئانار بۇلۇت سۇپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشچىلىقىدا بىرتۇتاش پىلانلىنىپ يۇقىرى ئۆلچەمدە قۇرۇلغان ئۆلكە دەرىجىلىك تاراتقۇلار بۇلۇت سۇپىسى ھەم ئىچكىرى رايونلارنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك سۇپا قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئۆرنەك قىلغان، كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار ئۆلكە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇلار سۇپىسى قاتارىغا كىرگەن.

شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك تاراتقۇ «گۇرۇھ» چەكلىك شىركىتى) سۇپىنىڭ قۇرۇلۇش - يۈرۈشتۈرۈلۈشىگە مەسئۇل. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، «ئانار بۇلۇت» بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، كۆچمە ئالاقە تورى قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى قوللىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن يۇغۇرما گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزىيە، تور بېكەت ۋە كۆچمە تېرمىنال مەزمۇنىنى ئىشلەپچىقىرىپ ئېلان قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان پۈتۈن تاراتقۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق بۇلۇت سۇپىسى. «ئانار بۇلۇت»نىڭ تورغا چىقىرىلىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تاراتقۇلارنىڭ ئۇچۇر مەزمۇنى، تېخنىكا قوللىنىش، سۇپا تېرمىنالى، باشقۇرۇش ۋاستىسىنىڭ ئورتاق يۇغۇرۇلۇشى، راۋانلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرەك ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تاراتقۇلىرى «ئانار بۇلۇت»قا تايىنىپ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاش، پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسىتىش بىر گەۋدە قىلىنغان تارقىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىدىكەن.

«ئانار بۇلۇت»تا «N+85+1» مەشغۇلات سىستېمىسى كۈچەپ بەرپا قىلىندى: «1» شىنجاڭ گېزىتخانىسى(شىنجاڭ گېزىتچىلىك تاراتقۇ ‹گۇرۇھ› چەكلىك شىركىتى)نى كۆرسىتىدۇ، «85» ئاپتونوم رايوندىكى 85 ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنى كۆرسىتىدۇ، «N» باشقا تاراتقۇ ياكى ھۆكۈمەت، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئانار بۇلۇت» بىرىنچىدىن، «N+85+1» دەرىجىدىن تاشقىرى تەھرىر بۆلۈمىنى بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى ماكانلاشقان تاراتقۇلارنى تۈرلۈك قورال - سايمان ۋە ھەمبەھرە بايلىق ئامبىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «N+85+1» ئابونچىلار تېرمىنال ماترىتساسى بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى ئابونچىلار تېرمىنالىنى ھەم خاسلىققا ئىگە قىلىپ، ھەم ھەمكارلىشىپ ھەمبەھرلىنەلەيدىغان قىلىپ، تەسىر كۈچىنى زورايتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «N+85+1» ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى كىرىش ئېغىزى بەرپا قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تۈرلۈك تېخنىكا سۇپىلىرىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، «پۇقرالار بارمىقىدىكى مۇلازىمەت مەركىزى» قۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن ئانار بۇلۇت سۇپىسى 5G، نەرسە تورى، رايون - بۆلەك زەنجىرى قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سىجىل ئىز قوغلاپ، تىك يۆنىلىشتە راۋان، توغرا يۆنىلىشتە ھەمتۈرتكە بولىدىغان بىر گەۋدىلەشكەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق تارقىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تاراتقۇلارنىڭ شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىشى، شىنجاڭغا مۇلازىمەت قىلىشى، ئابونچىلارنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈشىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كىرىش ئېغىزىغا ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭ تۇنجى تۈركۈمدە قۇرۇپ چىققان ناھىيە دەرىجىلىك 50 يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى ماس قەدەمدە ئانار بۇلۇت سۇپىسىغا ئۇلىنىپ، يېپيېڭى بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى. قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى جىنئەي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئانار بۇلۇت سۇپىسىغا ئۇلاش قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى قۇرۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ تېجەپ بېرىپلا قالماي، يەنە مەزمۇن، تېخنىكا، يول ۋە يۈرۈشتۈرۈش - باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنى كۈچلۈك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر شەھىرى ئانار بۇلۇت سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يۇغۇرما ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى يېتەكلەش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»غىچە تېخىمۇ ياخشى يەتكۈزىدۇ.